UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

07.12.2020 – 14.12.2020

تەييارلىغۇچىلار : م. تەڭرىقۇت
: نىجات تۇرغۇن
: مەمەتئېلى مەمەتئىمىن

تەھرىرلەر: : ئابدۇرەھىم دۆلەت
: پاسبان

10 - سان
16/12/2020

https://www.uysi.org/ug/

# ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ھەپتىلىك خەۋەر،
# ئانالىز ۋە تەكلىپ – پىكىرلەر

(14.12.2020 —07.12.2020)

**ھازىرلىغۇچى : م. تەڭرىقۇت**

ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسەت Foreign Affairs تور بېتىدە Odd Arne Wested ئىسىملىك مۇتەخەسسىس بىر ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە يېقىندا خىتايغا قارشى تۈزۈش ئىستراتېگىيەسى دەپ ئاتالغان The Elements of China Challange ناملىق دوكلاتنى يېتەرسىز ۋە مەزكۇر دوكلاتتا ئېنىق پىلان ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان دەپ قارىغان. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، بۇ دوكلاتتا خىتاي ھەققىدە دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى توغرا بولسىمۇ، بۇ ئىستراتېگىيە ئىدېئولوگىيەلىك ۋە سىياسىي جەھەتتىكى چەكلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان، شۇنداقلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەل قىلىش چارىلىرى ئەمەلىيەتتىن يىراق بولۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇ بۇ دوكلاتنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقىنى بۈگۈنگە قەدەر ئامېرىكىنى قىيناپ كېلىۋاتقان ئامېرىكىنىڭ خىتاي سىياسىتى قېلىپىدىن چىقىپ كېتەلمىگەنلىكى، شۇنداقلا 20ـ ئەسىرنىڭ كونا سىياسەتلىرىنى 21ـ ئەسىردىكى مەسىلىلەر ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكى دەپ كۆرسەتكەن.

ماقالىدە خىتاينىڭ تاشقى سىياسىتى پىراگماتىزىم (پايدىنىلا قوغلىشىش)

ۋە سەۋر قىلىش بىلەن تولدۇرۇلغان، شۇنداقلا مىللەتچىلىك ۋە ئۆتمۈشتىكى ئازاب- شىكايەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن دەپ قارالغان. بۇنىڭغا غايەت زور ئىقتىسادى كۈچ قوشۇلغاندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتۈن دۆلەتلەرنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بەلگىلىگەن مەنپەئەتلىرىگە قارشى تۇرۇش قابىلىيىتى بار -يوقلۇقىنى سىناپ بېقىۋاتىدۇ. خىتاي لىدىرىنىڭ مەقسىدى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان:

1. خىتاينىڭ ئىقتىسادىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، بۇ ئەڭ مۇھىم نىشانى
2. شەرقىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي رۇسىيە، ھىمالايا ۋە ھىندى ئوكياندا خوجايىن بولۇش

رۇسىيەنىڭ ئاجىزلىشىشى، ياپونىيەنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تۇرغۇنلىقى ۋە ئامېرىكىنىڭ بىلگىلى بولمايدىغان سىياسەتلىرى سەۋەبىدىن خىتاي بۇ مەقسىدىگە يېقىنلاشماقتا.

ئامېرىكا خىتايغا قارشى قوللىنىدىغان ئىستراتېگىيەسىدە، خىتاينى ئىقتىسادىنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيمىچى تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى مەقسەتتىن بىرىنى تاللاشقا مەجبۇرلىشى لازىم. بايدىن ئوباما ۋە ترامپ ھۆكۈمىتىدىن پەرقلىق سىياسەت قوللىنىپ، ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكياندىكى ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇشى، سودا ۋە مەبلەغ سېلىش سىياسەتلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشى ۋە يەن تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئامېرىكا بۇلارنى كەڭ كۆلەملىك ئىتتىپاقداشلىرى بولماي تۇرۇپ يالغۇز قىلالمايدۇ. سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادى دۇنيا

ئىقتىسادىنىڭ 50% نى ئىگەللەيتتى، بۈگۈن بولسا 25% ئەتراپىدا، شۇڭا ئىقتىسادنى قايتىدىن جانلاندۇرماي تۇرۇپ خىتايغا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، رۇسىيە بىلەن ھەمكارلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم، شۇنداقلا تەنقىد قىلىشنىمۇ توختىتىپ قويماسلىق كېرەك.

بۇ ماقالىدە يەنە ئامېرىكىنىڭ ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرۇشتىكى قابىلىيەتسىزلىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى قۇتۇپلىشىشىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئاجىزلىقىنى دۇنياغا كۆرسەتكەنلىكى، بۇنداق ھالەتتە دۇنيادا باشقىلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى ۋە دۆلەت تۈزۈمىنى قالتىس ۋە رىقابەتچان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. [1]

بۇرۇن كىرمنېي جىلغىسىدىكى تەجرىبىلىك كارخانىچى ھازىر ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە خىزمەت قىلىۋاتقان Keith Krach كەيت كراچ، «پاكىز تور» نەزەرىيەسىنى قوللىنىش ئارقىلىق خىتايغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلماقتا.

كەيت كراچ خۇاۋېي ۋە خىتاينىڭ باشقا شىركەتلىرىنى دېموكراتىك دۆلەتلەر ئالاقىلىشىش تورىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشنى مەقسەد قىلغان «پاكىز تور» ئاتالغۇسىنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ھازىر بۇ قورۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلماقتا. كراچ خۇاۋېينى چەكلەش تىرىشچانلىقىنى خىتاينىڭ مەبلەغ سېلىشتىن تارتىپ ئىستراتېگىيەلىك ماتېرىياللارغىچە بولغان بارلىق ئىقتىسادىي بېسىمىغا قارشى تۇرۇشتىكى كەڭ كۆلەملىك جەڭنىڭ قەلئەسى دەپ تەسۋىرلىدى.

[1] Odd Arne Westad, “The U.S. Can’t Check China Alone:What the State Department Gets Wrong About Beijing”, Foreign Policy,10.12.2012 https://www.foreignaffairs.com/articles/china/2020-12-10/us-cant-check-china-alone

كراچ، يەتتە ـ سەككىز ئايلار بۇرۇن خۋاۋېينىڭ 91 توختام ئىمزالاشقا مۇۋەپپەق بولغىنىنى ۋە بۇنىڭ 47 سىنىڭ ياۋروپادا ئىكەنلىكىنى، لېكىن هازىر بولسا خىتاي سىرتىدا ئارانلا ئون نەچچە توختامنىڭ قالغانلىقىنى، باشقىلىرىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

كراچىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ، «پاكىز تور» 180 تېلېگراف شىركىتى ۋە 50 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇلار دۇنيا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگەللەيدىكەن. بۇ پىلان گەرچە كىشىنى هاياجانغا سالىدىغان بولسىمۇ ، لېكىن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەزكۇر پىلان ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ئوخشىمايدىغان بولۇپ چىققان. مەسىلەن: ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ياپونىيەنى «پاكىز تور» قۇرۇلۇشىنىڭ ئەزاسى قاتارىغا كىرگۈزگەن، ئەمما ياپونلار خىتاينىڭ تور ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىشنى پۈتۈنلەي چەكلەشنى رەت قىلغان. مىنىستىرلىكىنىڭ تور بېتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى توشىمىتسۇنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

ياپونىيە ئامېرىكا بىلەن تور بىخەتەرلىكى جەھەتتە ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدۇ شۇنداقلا خىتاي تور ئۈسكۈنىلىرىنى دىپلوماتىك ئالاقە سىستېمىسىدىن يىراق تۇتىدۇ .

لېكىن كراچىنىڭ بۇ پىلانىدا يەنىلا زور ئۈمىد بار دەپ قارالماقتا ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسى بۇنىڭدىن كېيىنكى «پاكىز تور» پىلانى ئۈچۈن باشلىنىش بولۇشى مۇمكىن.[2]

[2] Peter Coy, “U.S. Policy on China May Move from ‘America First’ to America & Co”, Bloomberg, 09.12.2020 https://www.bloomberg.com/news/articles/2020-12-09/u-s-policy-against-china-america-first-is-becoming-america-and-others?srnd=businessweek-v2

DW news مۇخبىرى ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە خىتاي ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ھەققىدە شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى تەيۋەن تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى خۇاڭ زۇڭخاۋنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۇ زىيارەت جەريانىدا مۇنۇ سوئالنى سورىغان:

خىتاي ھۆكۈمىتى 70 نەچچە يىللىق تەرەققىياتى جەريانىدا غەربنىڭ سايلامغا تايانغان دېموكراتىك تۈزۈمىنى رەت قىلىپ، «خىتايچە مودېل» نى تەرەققى قىلدۇردى ۋە غەربچە سىياسىي قۇتۇپلىشىش ۋە ئۈنۈمسىزلىكتىن قۇتۇلۇپ قالدى. لېكىن ئەزەلدىن بۇ خىل مودېلنى سىرتقا قارىتا تەشۋىق قىلىپ باقمىدى، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

خۇاڭ زۇڭخاۋ بۇ سوئالغا قارىتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «خىتاي مودېلىدا» دا چېك تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ، ئەمما نېمىشقا تاشقى دۇنياغا بۇ مودېلنى كۆپ تەشۋىق قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ خىتاي مودېلىنىڭ تولىمۇ ئۆزگىچە، شۇنداقلا پەقەت خىتايغىلا خاس مودېل ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى تەشۋىق قىلىش ۋە بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشنىڭ قىيىن ۋە بىر ئاز بىئەپ بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

*خىتاي مودېلىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ھاكىمىيەتتە بىرلا كۈچلۈك پارتىيە بار ، ئەمما بۇنداق كۈچلۈك پارتىيىنىڭ شەكىللىنىشى بىر تارىخىي جەريان ۋە پۈرسەت مەسىلىسى. باشقا دۆلەتلەردە ، خىتايغا ئوخشاش تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بىر ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىغان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ، خىتايچە كونكرېت سىياسەت ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى يوق. نۇرغۇن دۆلەتلەر خىتايدىن*

*ئۆگەنمەكچى بولدى، لېكىن مەغلۇپ بولدى، سەۋەبى ئۇلاردا كۈچلۈك بىر پارتىيەنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدۇر.* [3]

ئۇ يەنە تەيۋەن ۋەزىيىتى ھەققىدىمۇ پىكىر بايان قىلغان بولۇپ، ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىنىڭ تەيۋەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، لېكىن سەي يىڭۋېن ھۆكۈمىتى مۇستەقىللىقنى خالىغان تەقدىردىمۇ، جاكارلاشقا پېتىنالمايدىغانلىقى، چۈنكى ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ناۋادا ئامېرىكا ياردەم قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇرۇشقا بىۋاستە قاتناشقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن نەس باسقان تەرەپنىڭ يەنىلا تەيۋەن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە، شۇڭا سەي يىڭۋېن ھۆكۈمىتىنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە بايدىننىڭ ۋەزىيەتنى بىر ئاز پەسكويغا چۈشۈرۈشىنى خالايدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن.[4]

خىتاينىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن باياناتچىسى گېڭ شۇاڭ 10 - چېسلا ب د ت يىغىنىدا ئافغانىستاندىكى چەتئەل قوشۇنلىرىنىڭ قىلمىشلىرى مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، ئۇ « ئافغانىستاندىكى چەتئەل قوشۇنلىرىنىڭ جىنايىتىنى تەپسىلىي ۋە ئۇزۇل - كېسىل تەكشۈرۈش لازىم» دېدى. ئۇ يەنە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئۈمىد ۋە ئىستەكلىرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا قوشۇن چېكىندۈرگەندە ياخشى

[3] 戴仑,“世界不止一个“特朗普” 中国道路的价值不是对外推广DWnews, 07.12.2020 https://www.dwnews.com/%E5%85%A8%E7%90%83/60221529/%E4%B8%96%E7%95%8C%E4%B8%8D%E6%AD%A2%E4%B8%80%E4%B8%AA%E7%89%B9%E6%9C%97%E6%99%AE%E4%B8%AD%E5%9B%BD%E9%81%93%E8%B7%AF%E7%9A%84%E4%BB%B7%E5%80%BC%E4%B8%8D%E6%98%AF%E5%AF%B9%E5%A4%96%E6%8E%A8%E5%B9%BF

[4] 戴仑,“两岸已无和平统一可能 台湾距离被美国推下悬崖还有多远”,DWnews,05.12.2020 https://www.dwnews.com/%E5%85%A8%E7%90%83/60221424/%E4%B8%A4%E5%B2%B8%E5%B7%B2%E6%97%A0%E5%92%8C%E5%B9%B3%E7%BB%9F%E4%B8%80%E5%8F%AF%E8%83%BD%E5%8F%B0%E6%B9%BE%E8%B7%9D%E7%A6%BB%E8%A2%AB%E7%BE%8E%E5%9B%BD%E6%8E%A8%E4%B8%8B%E6%82%AC%E5%B4%96%E8%BF%98%E6%9C%89%E5%A4%9A%E8%BF%9C

ئويلىشىپ، ئافغانىستان خەلقىگە ۋە رايونغا بالايى ـ ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان بوشلۇقنىڭ شەكىللىنىشىدىن ساقلىنىشى لازىملىقىنى تىلغا ئالغان. [5]

7 ـ دېكابىر كۈنى، خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بېيجىڭدا ئامېرىكا ـ خىتاي سودا كېڭىشى مۇدىرىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى بىلەن ئىنتېرنېت تور يىغىنى ئارقىلىق كۆرۈشكەن.

ۋاڭ يى، خىتاي بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى، تەرەققىيات باسقۇچى ۋە ئوخشىمىغان تارىخى مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ پىكىر ئوخشىماسلىقىنىڭ بولۇشىنىڭ تەبىئىي ئىكەنلىكىنى، مۇھىم بولغان مەسىلىنىڭ بولسا ئۆز ـ ئارا ھۆرمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

ۋاڭ يى، خىتاي ۋە ئامېرىكىنىڭ «ئۈچنى ھۆرمەتلەش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى تىلغا ئالغان، بۇلار:

1. بىر ـ بىرىنىڭ تارىخي ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىغا ھۆرمەت قىلىش
2. بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش
3. بىر ـ بىرىنىڭ ئۆز ئادەملىرى ئوتتۇرىغا چىقارغان (دۆلەت

[5] 唐飞, “耿爽在联合国为阿富汗发声：彻底调查外国驻军罪行”, DWnews, 11.12.2020 https://www.dwnews.com/%E5%85%A8%E7%90%83/60222222/%E8%80%BF%E7%88%BD%E5%9C%A8%E8%81%94%E5%90%88%E5%9B%BD%E4%B8%BA%E9%98%BF%E5%AF%8C%E6%B1%97%E5%8F%91%E5%A3%B0%E5%BD%BB%E5%BA%95%E8%B0%83%E6%9F%A5%E5%A4%96%E5%9B%BD%E9%A9%BB%E5%86%9B%E7%BD%AA%E8%A1%8C

سستېمىسى ۋە تاللىغان يولىغا ھۆرمەت قىلىش.

ئۇ يەنە خىتاينىڭ ئامېرىكىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تاشقى دۇنياغا ئېكسپورت قىلمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشى ئېلىپ بارمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. شۇڭا ئامېرىكانىڭمۇ خەلقئارا مۇناسىۋەت قائىدىسىگە ئەمەل قىلىشى، خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا خالىغانچە ئارىلىشىشى ، خىتاي خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈش ھوقۇقىنى توسماسلىقى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. [6]

ۋاڭ يى بۈگۈندىن باشقا ئامېرىكىنى خىتاي بىلەن پۈتۈن ساھەلەر بويىچە دىئالوگ ئېلىپ بېرىشقا چاقىرغان ۋە خىتاينىڭ ئىشىكىنىڭ ھەر زامان دىئالوگ ئۈچۈن ئوچۇق ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن. Hindustan Times نىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي تەرەپ بايدىننىڭ ترامپقا قارىغاندا ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ خىل باياناتنى بەرگەن. خەۋەردە يەنە بايدىننىڭ بۇ يىل 2-ئايدا شى جىنپىڭنى «زوراۋان باندىت» (thug) دەپ ئاتىغانلىقى يېزىلغان.[7]

11-ئايدا خىتاينىڭ ئېكسپورتى 21% ئېشىپ 3 يىلدىن بۇيانقى تارىخي رېكورتنى ياراتقان. خىتاي ۋىرۇسىنىڭ ياۋروپا ۋە باشقا رايونلاردا قايتىدىن ئەۋج ئېلىشى بىلەن بۇ ئايدىكى خىتاي ئېكسپورت سوممىسى 268 مىليارد دوللار بولغان. ئىمپورت مىقدارىمۇ 4.5 % ئاشقان.

[6] 马卓言, “王毅：中美要做到“三个尊重””, 新华网, 07.12.2020
http://www.xinhuanet.com/2020-12/07/c_1126831219.htm

[7] Deepali Sharma, “China suggests dialogue with US as Joe Biden likely to take tough stance against Beijing”, 07.12.2020 https://www.hindustantimes.com/world-news/china-suggests-dialogue-with-us-as-joe-biden-likely-to-take-tough-stance-against-beijing/story-tjvb9ANtUrIYttEHuDwC9N.html

2016ـ يىلدىن بۇيانقى خىتاينىڭ ئىمپورت ۋە ئېكسپورت مىقدارىدىكى ئېشىش سۈرئىتى ئۆچۈن تۆۋەندىكى گرافىكقا قاراڭ: [8]




ۋىرۇسنىڭ دۇنيانى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاكسىنىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن، خىتاي —ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا دۇنيا مىقياسىدا يەنە بىر تەسىر كۈچ تالىشىش رىقابىتى شەكىللىنىشى مۇمكىن. شى جىنپىڭنىڭ خىتاي ئىشلەپچىقارغان ۋاكسىنىنى دۇنياغا ئاممىۋىي لازىمەتلىك شەكلىدە سۇنۇشقا ( بىكارغا بېرىشنى دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن) ۋەدە قىلىشى بىلەن نۇرغۇن تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە باشقا تەرەققىي قىلمىغان

[8] Finbarr Bermingham and Sidney Leng, “China trade: exports surge to record levels, as coronavirus lockdowns return to the West”, South China Morning Post, 07.12.2020 https://www.scmp.com/economy/china-economy/article/3112820/china-trade-exports-sent-rocketing-coronavirus-lockdowns

دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ ۋاكسىنىسىنى ئىشلىتىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دېيىشىچە، ھەتتا خىتاي تەرەپ ۋاكسىنىنى بىكارغا بېرىش ئارقىلىق، ئۇ دۆلەتلەردە سىياسىي، ئىقتىساد ۋە دىپلوماتىك ئۈستۈنلۈك تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. خىتاينىڭ بۇ خىل « ۋاكسىنا دىپلوماتىيەسى» ئامېرىكا بىلەن بولغان رىقابەتتە يەنە بىر سەھنىنى ئاچىدۇ.

خىتايدا ھازىر ئۈچ خىل ۋاكسىنا تەتقىق قىلىنىۋاتقان بولۇپ، خىتاي تەتقىقاتچىلىرى بىردەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا مەسىلە يوقلىقىنى بىلدۈرمەكتە. خىتاي يەنە بۇ يىل ئاخىرىغىچە 600 مىليون ۋاكسىنا تەييارلاپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.[9]

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرى ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكىغا ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەيدىغان قانۇن لايىھەسىنىڭ پارلامېنتتىن ئۆتۈش ئېھتىماللىقىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. لېكىن ئالما، كوكا كولا ۋە NIKE قاتارلىق چوڭ شىركەتلەر مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ ئىمزالىنىشىغا قارشى ھەرىكەت قىلماقتا ئىكەن.

ئىشچىلار ھوقۇقى بىرلەشمىسى دىرېكتورى سكوت نوۋاننىڭ بىلدۈرىشىچە، پارلامېنتتا مەزكۇر قانۇن لايىھەسىگە قارشى تۇرىدىغان ئەزالار ناھايىتى ئاز ساندا ئىكەن.

يەرلىك تەشكىلاتلار ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تىجارەت

[9] Xiao Bang, ‘’ Indonesia receives 1.2 million doses of coronavirus trial drugs as China pursues ‘vaccine diplomacy’’’ ABC NEWS, 08.12.2020 https://www.abc.net.au/news/2020-12-08/indonesia-bali-coronavirus-covid-sinovac-china-vaccine-diplomacy/12958762

بىرلەشمىلىرىدىن شەكىللەنگەن «ئۇيغۇر رايونىدىكى مەجبۇرى ئەمگەكنى ئاخىرلاشتۇرۇش بىرلىكى» The Coalition to End Forced Labor in the Uyghur Region بەزى چوڭ كارخانىلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەمىنلەش زەنجىرىگە تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدە جاۋابكارلىقى بار دەپ قارىماقتا. [10]

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلغان خۇڭكۇڭلۇق ئەدلىيە مىنىستىرىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغانلىق قىلمىشى سەۋەبىدىن، 14 خىتاي ئەمەلدارىغا قارىتا ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزگەن ۋە ساياھەت چەكلىمىسى قويغان. بۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئارىسىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسىنىڭمۇ بار ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان.

بۇ قارارغا قارىتا خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەك خىتاي تەرەپنىڭ كەسكىن قارشى تەدبىر قوللىنىپ، خىتاي دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىك، زېمىن پۈتۈنلۈك ۋە تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ يەنە ئامېرىكا تەرەپنى بۇ خىل يامان نىيەتلىك قارارىدىن دەرھال يېنىشقا چاقىرغان.[11]

10- ئۆكتەبىر دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق كۈنىدە، مەركىزى ۋاشىنگتوندا بولغان كىشىلىك ھوقۇق كۈزىتىش ئورگىنى بايدىن ھۆكۈمىتىدىن خىتاي

[10] Duffy Kate, "Human rights groups say the Xinjiang forced labor bill will likely be passed as huge companies like Nike and Coca-Cola lobby against it", Business Insider, 06.12.2020 https://www.businessinsider.com/human-rights-groups-battle-against-firms-on-xinjiang-forced-labor-2020-12

[11] Humeyra Pamuk, Gabriel Crossley, "U.S. sanctions 14 Chinese officials over HK; Beijing says it will retaliate", Ruters, 08.12.2020 https://www.reuters.com/article/usa-china-sanctions/u-s-sanctions-14-chinese-officials-over-hk-beijing-says-it-will-retaliate-idUSKBN28I0U9

بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ مەركىزىگە قويۇشقا چاقىرىق قىلدى. مەزكۇر ئورگان 8-ئۆكتەبىر كۈنى ئاشكارىلانغان «ئاقسۇ تىزىملىكى» نى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنى ئېغىر نازارەت قىلىپ ۋە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتكەن. كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش ئورگىنى خىتاي تارمىقىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى مايا ۋاڭ (ۋاڭ سۇڭلىيەن) ئەركىن ئاسىيا مۇخبىرىغا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنىڭ ئىنچىكە مۇھىم بولمىغان مەسىلىلەر قاتارىغا ئىتتىرىپ قويۇلۇۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان ۋە « ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىگە ھەقىقەتەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى» لازىم دېگەن.[12]

ئاقسۇ تىزىملىكى يېڭىدىن ئاشكارىلانغان يەنە بىر پاكىت بولۇپ، بۇنىڭدا خىتاينىڭ 2016- يىلىدىن 2018- يىلىغىچە 2000 دىن ئارتۇق ياشنى ئىلغار كۆزىتىش تېخنىكىسى بىلەن پايلىغانلىقى ۋە جازا لاگېرىغا قامىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. كۆزىتىش دېتالىنىڭ ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە قايسى ئىشىك بىلەن كىرگىنىدەك ئىنچىكە ھالقىلارغىچە خاتىرىلەپ ماڭىدىغانلىقى ئاشكارا بولغان. بۇنىڭدىن باشقا 1980- يىلىدىن كېيىن تۇغۇلغان ياش باللار ئاساسلىق كۆزىتىش ۋە تۇتقۇن قىلىش نىشانى بولغان.[13]

[12] 陈品浩， “专家：拜登政府须将人权置于对华政策的重心”， FRA, 10.12.2020 https://www.rfa.org/mandarin/yataibaodao/junshiwaijiao/cm-12102020154523.html
[13] "'Being young' leads to detention in China's Xinjiang region", The Guardian, 09.12.2020 https://www.theguardian.com/world/2020/dec/09/being-young-leads-to-detention-in-chinas-xingiang-region?fbclid=IwAR3xDO5f8de7uexwtG7N51L3R-eSXCKyZ4ARJNU8mT7EuNg3in7G4QiRPgQ

# ئامېرىكا -خىتاي مۇناسىۋىتى ھەپتىلىك تەرەققىياتى ھەققىدە ئانالىز

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي سىياسىتى توغرىسىدىكى 74 بەتلىك دوكلاتى ھەققىدىكى تەنقىد ھەقىقەتەن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ قانداق تەدبىر قوللىنىش كېرەكلىكى مەسىلىسىدە ئېنىق تەدبىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلماسلىقى ۋە كونىچە ئۇسۇلنى قوللانماقچى بولۇشى ھەقىقەتەن كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. بۇ يەنە كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا ئامېرىكىنىڭ خىتاينى چەكلەش ھەققىدە رەسمىي ئۈنۈملۈك بىر پىلانى بارمۇ؟ دېگەن سوئالنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بىر پىلان بار دېگەن تەقدىردىمۇ بۇنى ئاشكارىلىماسلىقى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن قارايدىغان بولساق ئامېرىكىدا خېلى كۆپ مۇتەخەسسىسلەر بايدىن ھۆكۈمىتىگە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ھەققىدە تەكلىپ بەرمەكتە. يېڭى ھۆكۈمەت ھەقىقەتەن ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ ناھايىتى كۆپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ، يېڭى كابېنىتنىڭ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك قابىلىيىتى بارمۇ-يوق؟ بۇ شۇ ۋاقىتتا ئېنىق بولىدۇ.

كەلگۈسى ئامېرىكا- خىتاي رىقابىتى ئاساسلىق سىياسىي تۈزۈم ۋە ئىقتىسادنى چۆرىدىگەن ھالەتتە بولىدۇ. خىتايلار ئۆزىنىڭ سىياسىي مودېلىنىڭ باشقا دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇ مودېلىنىڭ خىتايغىلا خاس دىكتاتۇر مودېل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا بۇنى ئوچۇق ئاشكارا تەشۋىق قىلالمايدۇ. لېكىن خىتاي ئاستىرتتىن نۇرغۇنلىغان دىكتاتۇر ھاكىمىيەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ساقچى، ئەدلىيە ۋە مالىيە خادىملىرىنى خىتايغا ئاپىرىپ تەربىيەلەش ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ ياساپ چىقماقتا. قازاقىستان بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ.

ۋاڭ يى تىلغا ئالغان «ئۈچنى ھۆرمەت قىلىش» پرىنسىپى ۋە ئامېرىكا خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى «دىئالوگ» غا ھەر زامان تەييار ئىكەنلىكى تولىمۇ مەنىداردۇر. بۇ بىر تەرەپتىن خىتاينى دۇنياغا تىنچلىقپەرۋەر قىلىپ كۆرسىتىش تىرىشچانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دىكتاتۇرلۇقتا داۋاملىق چىڭ تۇرىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

خىتاي تەكىتلەپ كېلىۋاتقان بىر - بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق ۋە بىر - بىرىنىڭ دۆلەت تۈزۈمىگە ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىرى، ئەمەلىيەتتە تاشقى دۇنيادىن خىتاينىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى خالىغانچە باستۇرۇشىغا ئارىلاشماسلىقنى تەلەپ قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھۆرمەت قىلىشى لازىم دېگىنى بولسا، بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ لىبېرال دېموكراتىك تۈزۈمنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن «چىن سۇلالىسى» شەكلىدىكى ئاشقۇن دىكتاتۇرلۇق تۈزۈمگە قايتىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا خىتاينىڭ ب د ت يىغىنىدا ئافغانىستاندىكى چەتئەل ئارمىيەسىنىڭ جىنايىتىنى تەكشۈرۈشنى كۆتۈرۈپ چىقىشىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. نېمىشقا سۈرىيە ياكى ئىراقتىكى جىنايەتلەرنى تارتىپ چىقماي، ئەكسىچە ھازىرقى ۋەزىيىتى بۇ ئىككى رايونغا قارىغاندا نىسبەتەن تىنچ بولغان ئافغانىستاندىكى مەسىلىنى تارتىپ چىقىدۇ؟ خىتاي بۇ ئارقىلىق بىر دوملاپلا ئافغان خەلقىنىڭ غەمگۇزارى بولۇۋالماقچى ۋە ئامېرىكا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن رايوندا بارلىققا كېلىش ئېھتىمالى بولغان خىتايغا قارشى كەيپىياتنى پەسەيتىشكە ھازىردىن باشلاپ ئۇل سالماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان فاشىستلارچە سىياسىتىنى تەنقىد قىلغان غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ شەخسىي قىلمىشلىرىنى تىلغا ئېلىش

ئارقىلىق، (ناۋادا تاپالىسا) ئۇلارنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە تەتۈر ئىنكاس قايتۇرۇپ سۈنى لېيتماقچى ۋە نىشانىنى بۇرۇۋەتمەكچى دېيىش مۇمكىن.

## تەۋسىيەلەر

1. خەلقئارالىق چوڭ مېدىيالار ۋە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق «ئاقسۇ تىزىملىكى» نى پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆرۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىش. بۇ تىزىملىكنى خىتاينىڭ «ۋاكسىنا دىپلوماتىيىسى» ۋە دۇنيانىڭ باشقا «مۇھىم» كۆنتەرتىپلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

2. مەۋجۇت تەشكىلاتلار ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئۈچۈن گەپ قىلىش سالاھىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ۋە بۇنىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك، مەنتىقسىز ۋە تىراگېدىيەلىك بىر ئەھۋال ئىكەنلىكى ھەققىدە بايانات بېرىش.

3. مەۋجۇت تەشكىلاتلار ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان چوڭ ئىشلارغا دىققەت قىلىش ۋە بۇ ھەقتە دەل ۋاقتىدا سىياسىي ۋە دىپلوماتىك ئۇسۇل بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇش.

## خىتاي بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى
## (13.12.2020 —07.12.2020)

**نىجات تۇرغۇن**

■ 1. ھىندىستان ئاقىللار ئامبىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىڭتۈەن (XPCC) ئىشلەپچىقارغان پاختا مەھسۇلاتلىرىنى چەكلىشى ھىندىستان ئۈچۈن ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن. چۈنكى بىڭتۈەن ئىشلەپچىقارغان پاختا مەھسۇلاتى خىتاينىڭ ئومۇمىي پاختا مەھسۇلاتىنىڭ 85%ىنى ئىگەللەيدىغان بولۇپ، بۇ چەكلىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىرتەرەپتىن خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى پاختا مەھسۇلاتلىرى سودىسىغا، يەنە بىر تەرەپتىن بىڭتۈەننىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە زىيانلىق تەسىر كۆرسىتىدىكەن. ئۇندىن باشقا بىڭتۈەننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە ئىقتىسادىي كۈچى خىتاي - پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى (CPEC) دا مۇھىم تەسىرگە ئىگە بولۇپ، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ LAC تىكى 14- دىۋىزىيەسىنى مۇھىم ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلەيدىكەن. بۇ يىل يازدا ئامېرىكانىڭ بىڭتۈەنگە قاراتقان جازاسى خىتايغا تەسىر قىلغان بولۇپ، بۇ قېتىمقى پاختا مەھسۇلاتلىرىغا قويۇلغان چەكلىمە ھىندىستاننى LAC رايونىدا خىتايغا قارشى تېخىمۇ ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ دەپ پەرەز قىلىنغان.[14]

[14]Ayjaz Wani. ''US cotton ban against Xinjiang-based XPCC has strategic value for India''. ObserverResearchFoundation. 10.12.20. https://www.orfonline.org/expert-speak/us-cotton-ban-xinjiang-based-xpcc-strategic-value-india/

■ 2. بىر راي تەكشۈرۈشدە ئەنگلىيە شىركەتلىرى ئەنگلىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى يىرىكلىشىۋاتقان مۇناسىۋەتتىن بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن . بۇ يىرىكلىشىشنىڭ سەۋەبىدىن خىتايدا كېڭەيمەكچى بولغان ئەنگلىيە شىركەتلىرى 16% ئازايغان بولۇپ، بېيجىڭ بىلەن لوندون ئوتتۇرىسىدىكى يىرىكلىشىش بۇ شىركەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئەندىشىسى ئىكەن. بۇ يىل ئەنگلىيەنىڭ 5G قۇرۇلۇشىدا خۇاۋېينى چەكلىشى بىلەن باشلانغان يىرىكلىشىشكە ئەگىشىپ، ھوڭكوڭ مەسىلىسىمۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىدىن يىراقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بەزى ئانالىزچىلارنىڭ قارىشىچە، كېلەر يىلى ئەنگلىيەنىڭ «ئېلىزابېت» ناملىق ئاۋتوماتىكىسىنى جەنۇبى دېڭىز رايونىغا ئەۋەتىش پىلانى ئىجرا قىلىنىپ قالسا، ئەنگلىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىگە يەنىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىكەن.[15]

## مۇلاھىزە:

بۇ يىل يازدىن بۇيان ئەنگلىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىدە چوڭ بۇرۇلۇش بار. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى خۇاۋېينىڭ 5G قۇرۇلۇشىدىن چەكلىنىشى ۋە ئەنگلىيەنىڭ ھوڭكوڭ ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى توغرىلىق پىكىر بىلدۈرۈشى بولۇپ، خىتاي تەرەپ ئەنگلىيەنىڭ بۇ پائالىيەتلىرىگە قاتتىق نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلمەكتە. نەچچە كۈن بۇرۇن ئاشكارىلانغان يۇمشاق دېتالدىكى ھۆججەتتە نۇرغۇن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكى ۋە مەلۇماتى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيەنىڭ چوڭ شىركەتلىرىدە، ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا، ھەتتا خىتايدىكى كونسۇلخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان خادىملار بار ئىكەن. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ توغرۇلۇق بىر ئىپادە بىلدۈرۈشى ياكى ئالاقىدار تەدبىر قوللىنىشىمۇ خىتاي بىلەن ئەنگلىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يىرىكلىشىشىگە سەۋەب بولۇشى

[15]Catherine Wong. "Geopolitical tensions fuel concerns for British companies in China, survey finds". SouthChinaMorningPost. 8.12.20. https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3113081/geopolitical-tensions-fuel-concerns-british-companies-china

مۇمكىن[16]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتى 10-دېكابىر يەرشارى خاراكتېرلىك ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى توغرۇلۇق جازا بېرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان، ئەمما خىتاي بۇ دۆلەتلەرنىڭ قاتارىدا يوق. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ تامامەن بىر سىياسى قارار بولۇپ، ئەگەر ئىسپاتقا ئاساسەن قارار چىقىرىلغان بولسا، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمغا سەۋەب بولغان ئەمەلدارلار ئەڭ ئاۋۋال جازالىنىشى لازىم دېگەن. ئەنگىلىيەنىڭ خىتايىنى بۇ جازالايدىغان دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزمەسلىكىدە نۇرغۇن سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە[17]. ئەمما بۇنىڭدىن ئەنگىلىيەنىڭ خىتايغا شەرقى تۈركىستاندىكى زۇلۇم سەۋەبىدىن جازا ئىجرا قىلىش ئارقىلىق خىتاي بىلەن بولغان مەۋجۇت مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ بۇزۇش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

■ 3. خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە خىتاينىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلىرى يىغىنىدا يېڭى تىپتىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتتە خىتاينىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىنمۇ بەكرەك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، خىتاي بىلەن رۇسىيە ئىككى تەرەپ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈشى، بۇ مۇناسىۋەت كۆپ تەرەپلىملىك ۋە كۆپ قاتلاملىق بولۇشى، بۇ ھەمكارلىق خەلقئارا تىنچلىق، خەۋپسىزلىك ۋە يەرشارى خاراكتېرلىك مۇقىملىقنى مەقسەت قىلغان ھالدا قۇرۇلۇشى كېرەك دېگەن. يىغىندا ۋاڭ يى يەنە خىتاينىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا بىلەن

[16]Jake Ryan, Jonathan Buckes and Holly Bancroft For The Mail On Sunday. ''Leaked files expose mass infiltration of UK firms by Chinese Communist Party including AstraZeneca, Rolls Royce, HSBC and Jaguar Land Rover''. MailOnline. 13.12.20. https://www.dailymail.co.uk/news/article-9046783/Leaked-files-expose-mass-infiltration-UK-firms-Chinese-Communist-Party.html

[17]Kim Singupta.''UK failure to impose sanctions on China over Uighurs 'painful and hurtful' ''. Independent. 11.12.20. https://www.independent.co.uk/news/world/asia/china-uk-uighur-muslims-sanctions-raab-b1769633.html

بولغان مۇناسىۋەتنى توغرۇلۇقمۇ توختالغان[18].

خىتاي ئوكيان ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر مۇتەخەسسىسى پاڭ جوڭيىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: «گەرچە خىتاي ئۈچۈن ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئەڭ مۇھىم بولسىمۇ، خىتاينىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا چاقىرىشى ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ئىتتىپاقدىشىغا تېخىمۇ ياخشى تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەردە خىتاي رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويسا، بۇ خىتاينىڭ ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشتا ئانچە ئۈمىدۋار ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[19]

## مۇلاھىزە:

خىتاي ئامېرىكانىڭ يېڭى سايلانغان پرېزىدېنتى جوۋ بايدېننىڭ ئامېرىكانىڭ ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرى بىلەن بىرلىكسەپ ھاسىل قىلغان ھالدا خىتايغا قارشى تۇرىدىغانلىقىغا قارىتا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: يېقىن بۇيان ئىمزالانغان رايون خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ھەمكارلىق (RCEP)، ۋاڭ يىنىڭ ياپونىيە ۋە جەنۇبىي كورىيەگە قىلغان زىيارىتى، رۇسىيە بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ تەرەپلىمىلىك ھەمكارلىق قاتارلىقلار. خىتاينىڭ ئالدىمىزدىكى مەزگىللەردە ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ئىتتىپاقدىشىغا قارشى بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىشقا تىرىشىشى، خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان

[18]Wang Yi, "Serving the Country and Contributing to the World: China's Diplomacy in a Time of Unprecedented Global Changes and a Once-in-a-Century Pandemic". MinistryofForeignAffairsofChina.11.12.20. https://www.fmprc.gov.cn/mfa_eng/wjb_663304/zyzz_663306/

[19]Laura Zhou."China-Russia ties 'high on Beijing's foreign policy agenda' for 2021". SouthChinaMorningPost.11.12.20. https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3113635/china-russia-ties-high-beijings-foreign-policy-agenda-2021

مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئەمەس، بەلكى مەۋجۇت تىركىشىشنى داۋاملاشتۇرۇش قارارىنىڭ قەتئىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خىتاي بۇ يولدا رۇسىيەگە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. بايدىنىنىڭ ئالدىمىزدىكى ھاكىمىيەت دەۋرىدە خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك رەقىبلىك مۇناسىۋەتنىڭ قوش تەرەپلىك (Bilateral)تىن بەكرەك كۆپ تەرەپلىكنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆپ رايونلاردا داۋام قىلىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

■ 4. ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان خىتاي بىلەن ياۋروپا سودا مۇنبىرى، ئالدىنقى ئايدا خىتاينىڭ ياۋروپا تەرەپنىڭ بەزى قاتناشقۇچىلىرىنى خىتاينى تەنقىت قىلغانلىقى ئۈچۈن يىغىندىن چەكلەش تەلىپىنى ياۋروپا تەرەپ رەت قىلغاندىن كېيىن جىمجىت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. بۇ ۋەقە بۇرۇن مەتبۇئاتقا ئاشكارىلانمىغان بولۇپ، خىتاينىڭ كونسېرى چېكىدىن ئاشقان دۇنياۋى مەيداندا ياۋروپانىڭ سودا مەنپەئەتى بىلەن دېموكراتىك قىممەت قاراشلىرىنى قوغداش ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى تېپىشقا تىرىشىۋاتقانلىقى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. خىتاي يىغىنغا قاتناشماسلىقنى تەلەپ قىلغانلارنىڭ بىرى ياۋروپا پارلامېنتى ياۋروپا ئىتتىپاقى - خىتاي مەجلىسىنىڭ رەئىسى Reinhard B tikofer بولۇپ، ئۇ خىتاينىڭ ھوڭكوڭ مەسىلىسى ۋە شەرقى تۈركىستاندىكى زۇلۇم سىياسىتىنى تەنقىت قىلغان. يەنە بىرەيلەن بولسا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى تەنقىد قىلغان گېرمانىيە ئاقىللار مۇنبىرى Merics نىڭ مەسئۇلى Mikko Huotari.[20]

ياۋروپا تاشقى مۇناسىۋەت كېڭىشى ئاقىللار ئامبىرىنىڭ سىياسەت تەتقىقاتچىسى Jonathan Hackenbroich «ياۋروپا ئىقتىسادىنى مەجبۇرلىنىشتىن

[20]Valentina Pop and Sha Hua. "China-Europe Trade Forum Canceled After China Sought to Bar Critics". TheWallStreetJournal. 10.12.20 .https://www.wsj.com/articles/china-europe-trade-forum-canceled-after-china-sought-to-bar-critics-11607601609

قوغداش» دېگەن ماقالىسىدە، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاينىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان جىئو-ئىقتىسادىي تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ۋە خىتاينىڭ ئۆزى ياقتۇرمايدىغان سىياسەت قوللانغان دۆلەتلەرگە ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئوچۇق تەھدىت قىلىۋاتقانلىقى ۋە تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك تەھدىتنىڭ كۆپ يۈرگۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[21]:

1. ئېكسپورتنى كونترول قىلىش: خىتاينىڭ ئېكسپورت كونترول قانۇنى پات ئارىدا خىتاينى ياۋروپا سودىسىغا كەڭ كۆلەمدە ئارىلىشىش ۋە ياۋروپانىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرىگە بېسىم ئىشلىتىشتە رەسمىي قانۇنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.
2. جازا تاموژنا بېجى: ئەگەر گېرمانىيە خۇاۋېينى 5G قۇرۇلۇش توختامىدىن چىقىرىۋەتسە، خىتاي گېرمانىيە ماشىنىلىرىغا جازا تاموژنا بېجى قويىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سالغان، ھەمدە خۇاۋېينى چەكلەش قارارى سەۋەبىدىن شىۋېتسىيەنىڭ يېقىندا زور ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.
3. سودا چەكلىمىسى: خىتاينىڭ يېقىندا ئاۋستىرالىيەگە قاراتقان ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمنى قانچىلىك دەرىجىدە قوللىنىشنى خالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## مۇلاھىزە:

خىتاي ئۆزىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىقتىسادىي ۋە تىجارەت كۈچىدىن پايدىلىنىپ باشقا دۆلەتلەرگە بېسىم قىلىۋاتىدۇ. بۇ بېسىم ھەتتا ياۋروپا ئىتتىپاقىغىمۇ يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن

[21]Jonathan Hackenbroich. "Protecting Europe from economic coercion: Strategy after the 2020 US election". TheEuropeanCouncilonForeignRelations. 9.12.20. https://ecfr.eu/article/protecting-europe-from-economic-coercion-strategy-after-the-2020-us-election/

قارشى تەرەپنىڭ قىممەت قارىشى ۋە دۆلەت سىستېمىلىرىنى ئاجىزلىتىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئەمما خىتاينىڭ بۇ خىل مەجبۇرلاش ھەرىكەتلىرىنىڭ خىتاي ئۈچۈن ئىجابىي ئەمەس، بەلكى سەلبىي ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. چۈنكى ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن تىجارەت ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى داۋام قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتى بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلىشى بىلەن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە تەسىر كۈچىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

## تەۋسىيەلەر:

شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا تەرەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ئىتتىپاق تۈزۈشتەك ئورتاق قاراش ھاسىل قىلغان مەسىلە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىش، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى يالغۇز ئىنسان ھەقلىرى نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى جىئو-ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىدىنمۇ تونۇش ۋە بۇ مەسىلىنى جىئو-سىياسىي نۇقتىدىن ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇتۇش لازىم.

# خىتاي ئىچكى ۋەزىيىتى

## 12.13 -12.07 .2020

**مەمەتئېلى مەمەتئېمىن**

■ خىتاينىڭ " قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى" ئېلان قىلىندى.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خىتاي 57 ـ نومۇرلۇق رەئىس بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئىككىنچى قېتىملىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن "قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى" نى ئېلان قىلدى. بۇ قانۇن تۇنجى قېتىم 1991 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، 2006 ـ يىلى بىر قەدەر چوڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن. 2020 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 22 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ئىككىنچى قېتىملىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسى ماقۇللۇقتىن ئۆتتى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىندى. مەزكۇر قانۇن 2021 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ[22].

بۇ قېتىم < ئائىلىنىڭ قوغدىشى>، <مەكتەپنىڭ قوغدىشى>، <جەمئىيەتنىڭ قوغدىشى> ، <ئەدلىيە جەھەتتىن قوغداش> قاتارلىق تۆت باپقا يەنە <ھۆكۈمەتنىڭ قوغدىشى>، < تور قوغدىشى> دېگەن ئىككى باب قېتىلىپ

[22]<中华人民共和国未成年人保护法>、人民日报、 2020年12月07日、 第10版、 http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-12/07/nw.D110000renmrb_20201207_1-10.htm

ئالته باب قلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1991 - يىلدىكى 56 ماددىدىن 2006 - يىلى 72 ماددىغا، 220- يىلى 132 ماددىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئاتا-ئانىسى ياكى باشقا ۋەسىيلىرىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئون ئىشى ۋە قىلسا بولمايدىغان 11 ئىشى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك ئورگان تەسىس قىلىش كېرەك دەپ كۆرسىتىلدى[23].

■ خىتاي "قانۇن جەمئىيىتى قۇرۇشنى يولغا قويۇش لايىھەسى (2020-2025)"نى ئېلان قىلدى.

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى «قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان جەمئىيەت قۇرۇشنى يولغا قويۇش لايىھەسى(2020-يىلدىن 2025-يىلغىچە) »نى ئېلان قىلدى ھەمدە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ ، بارلىق رايون ۋە تارماقلارنىڭ ئەمەلىي شارائىتقا ئاساسەن ئۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى[24].

بۇ لايىھە يەتتە بۆلۈم 28 ماددىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ،قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. ئومۇمىي تەلەپ (1) يېتەكچى ئىدىيە: خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»

[23]<关于《中华人民共和国未成年人保护法（修订草案）》的说明>、中国人大网、 2020年10月19日、 http://www.npc.gov.cn/npc/c30834/202010/9453552343b549b2b0dd-1ba84914058d.shtml

[24]<中共中央印发《法治社会建设实施纲要（2020 - 2025年）》>、 新华网、 2020年12月07日、 http://www.xinhuanet.com/politics/zywj/2020-12/07/c_1126832481.htm

مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات ئۇقۇمى ۋە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى خىتايچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى.
(2) ئاساسلىق پرىنسىپ: پارتىيەنىڭ مەركەزلىك ۋە بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك قانۇن بىلەن باشقۇرۇش نەزەرىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش (3) ئومۇمىي نىشان: 2025-يىلغا بارغاندا، «سەككىزىنچى بەش يىللىق» قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنى تاماملاش ۋە 2035-يىلى قانۇن بىلەن باشقۇرۇلىدىغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش.

2. پۇتكۈل جەمئىيەتتە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىش
3. جەمئىيەت ساھەسىدىكى تۈزۈملەرنى قېلىپلاشتۇرۇش
4. ھەق ھوقۇقنى قوغداشنى كۈچەيتىش
5. جەمئىيەت باشقۇرۇشنى قانۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش
6. تور بوشلۇقىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش
7. تەشكىلىي بىخەتەرلىكنى كۈچەيتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت[25].

■ خىتاي 105 خىل ئەپنى قانۇنغا خىلاپ دەپ قاراپ خىتاي ئەپ بازىرىدىن چىقىرىپ تاشلىدى.

خىتاي دۆلەتلىك ئىنتېرنېت ئۇچۇر ئىشخانىسى 12-ئاينىڭ 8-كۈنى Suge، TripAdvisor، ماسكا باغچىسى ۋە Vision قاتارلىق 105 «قانۇنسىز»

[25]<中共中央印发法治社会建设实施纲要（二〇二〇—二〇二五年）>、人民日报、2020年12月08日、 第01版、 http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-12/08/nw.D110000renmrb_20201208_1-01.htm

ئەپنى ئۆچۈرگەنلىكنى ئېلان قىلدى[26].

بۇنىڭدىن باشقا تېز سۈرئەتتە چۈشۈرۈش، 7755 app قاتارلىق سەككىز ئەپ دۇكىنى قانۇنسىز ئەپلەرنى چىقارغانلىقى ئۈچۈن چۈشۈرۈش مۇلازىمىتىنى چەكلەش جازاسى بېرىلدى.

خىتاي دۆلەتلىك تور بوشلۇقى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ دېيىشىچە، بەزى تورداشلار بىر قىسىم پىروگراممىلارنىڭ شەھۋانىيلىق ، زوراۋانلىق ، تېررورلۇق ۋە قانلىق ئۇچۇرلارنى تارقىتىدىغانلىقى، ئالدامچىلىق، قىمار ۋە پاھىشىۋازلىق قاتارلىق قانۇنسىز مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئىنكاس قىلغان. شۇڭا بۇ ئورگان «تور بىخەتەرلىك قانۇنى»، «تور ئۇچۇر مەزمۇنىنى ئېكولوگىيەلىك باشقۇرۇش نىزامى» ، «كۆچمە ئىنتېرنېت قوللىنىشچان ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە باشقا قانۇن ـ نىزاملار ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە بۇ قارارنى چىقارغان[27].

■ خىتاي بەزى نىزاملارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە بىكار قىلىش قارارىنى ئېلان قىلدى.

خىتاي باش مىنىستىرى لى كېچياڭ يېقىندا دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ ، «دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ بەزى مەمۇرىي نىزاملارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە بىكار قىلىش قارارى» نى ئېلان قىلدى ،

[26]<国家网信办推进移动应用程序信息内容乱象专项整治首批清理处置105款违法违规移动应用程序>、 2020年12月08日、 国家网信办公室、 http://www.cac.gov.cn/2020-12/08/c_1608994395220033.htm
[27]温婧、<国家网信办：下架猫途鹰等105款违法违规App>、新华网、2020年12月09日、 http://www.xinhuanet.com/politics/2020-12/09/c_1126837837.htm

بۇ قارار ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ[28].

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، چەتئەل مەبلەغ سېلىش قانۇنىغا ماس كەلمەيدىغان مەمۇرىي نىزاملارنى تازىلاپ ، 22 مەمۇرىي نىزامنىڭ بەزىلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ، بىر مەمۇرىي نىزامنى بىكار قىلىشنى قارار قىلدى.

ئۆزگىرىش ئاساسلىق تۆت نۇقتىدىن بولدى. بىرىنچىسى: كېلىشىمنى كونترول قىلىش (يەنى VIE قۇرۇلمىسى) ئەمدى چەتئەل مەبلىغى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ ،يەنى بۇ قانۇنغا ئۇيغۇن بولسىلا ئىلگىرىكى كۆپ باسقۇچلۇق تەستىق جەريانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئىككىنچىسى: چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن ئوخشاش ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئەمما مەنپىي تىزىملىك(Negative list) باشقۇرۇش سىستېمىسىغا بويسۇنۇشى كېرەك. ئۈچىنچىسى: چەتئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلار ئەمدى «خىتاي-چەتئەل بىرلەشمە كارخانىسى» ، «خىتاي-چەتئەل ھەمكارلىق كارخانىسى» ۋە «چەتئەل مەبلىغىدىكى كارخانا» دەپ ئايرىلمايدۇ ، ئۇلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە تەشكىللىنىش شەكلى شىركەت قانۇنى ، ھەمكارلىق قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە بويسۇنۇشى كېرەك. تۆتىنچىسى: دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ «تارقاقلاشتۇرۇش ، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت» ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك سودا ئۈنۈمىنى باشقۇرۇش نىزامى قاتارلىق تۆت مەمۇرىي نىزامنىڭ يەككە ماددىلىرى بىرلىكتە تۈزىتىلدى ، مۇناسىۋەتلىك تەستىق تۈرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ، تەستىقلاش جەريانى ئاددىيلاشتۇرۇلدى[29].

[28]<中华人民共和国国务院令>、　　　中华人民共和国中央人民政府、2020年12月11日、 http://www.gov.cn/zhengce/content/2020-12/11/content_5568885.htm
[29]<李克强签署国务院令　公布《国务院关于修改和废止部分行政法规的决定》>、　新华网、　2020年12月11日、 http://www.xinhuanet.com/politics/2020-12/11/c_1126850266.

■ شى جىنپىڭ دۆلەت ئومۇمىي بىخەتەرلىك ئۇقۇمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئون تۆرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى

12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش يىغىنى ئاچتى ۋە خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ دۆلەت ئومۇمىي بىخەتەرلىك ئۇقۇمىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى ئون تۆرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى[30].

بۇ ئون تۆرلۈك تەلەپ قىسقىچە تۆۋەندىكىچە:

1. پارتىيەنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش.
2. خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە دۆلەت بىخەتەرلىك يولىدا چىڭ تۇرۇش، دۆلەت ئومۇمىي بىخەتەرلىك ئۇقۇمىنى يولغا قويۇش، سىياسىي بىخەتەرلىك ، خەلق بىخەتەرلىكى ۋە دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ،خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى مەقسەت ، سىياسىي بىخەتەرلىكنى تۈپ مەقسەت، ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكنى ئاساس قىلىپ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، ھەر قانداق بىخەتەرلىك خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ھەل قىلىش ، ھەمدە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈچلۈك بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش.

htm

[30]<习近平在中央政治局第二十六次集体学习时强调坚持系统思维构建大安全格局为建设社会主义现代化国家提供坚强保障>、 人民日报、 2020年12月13日、 第01版 、http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-12/13/nw.D110000renmrb_20201213_2-01.htm

3. خەلقنى دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ ئاساسى كۈچى دەپ قاراپ، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان كۈچلۈك كۈچ توپلاش.
4. ئومۇمىي تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرلىكتە تۇتۇپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكتە تەڭ چىڭ تۇرۇش ، تەرەققىيات جەريانىدا بىخەتەرلىك ئامىللىرىغا تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرىش.
5. سىياسىي بىخەتەرلىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھاكىمىيەت بىخەتەرلىكى ۋە سىستېما بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋە خىزمەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە تېخىمۇ ئاكتىپ بولۇش.
6. ئەنئەنىۋي بىخەتەرلىك ۋە ئەنئەنىۋي بولمىغان بىخەتەرلىككە بولغان ئىنكاسىنى ياخشى تەڭشەپ ، دۆلەت بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت بىخەتەرلىك سىياسىتى قورال ساندۇقىدىن ياخشى پايدىلىنىش.
7. خەتەرنى ئالدىن كۆرۈش ۋە ئالدىن پەرەز قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، چوڭ خەتەر ئېلىپ كېلىدىغان يوشۇرۇن خەۋپنى تۆرەلمە ھالەتتە بايقاش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا تىرىشىش.
8. خەلقئارا ئورتاق بىخەتەرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەمكارلىق، يېڭىلىق يارىتىش ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ۋە تەڭ پايدا ئېلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىخەتەر بولغان ئىنسانىيەت ئورتاق تەقدىرىنى يارىتىش.
9. دۆلەت بىخەتەرلىك سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، پەن-تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى داۋاملىق كۈچەيتىش ۋە شەكىللەندۈرۈش كېرەك.
10. دۆلەت بىخەتەرلىك كادىرلار ئەترىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى

كۆچەيتىش.[31]

## قىسقىچە ئانالىز

خىتاينىڭ بۇ ھەپتىلىك ۋەزىيىتىنى بۇ ئىككى سۆزگە يىغىنچاقلىغىلى بولۇشى مۇمكىن، قانۇن ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى.

خىتاي 1978 ـ يىلىدىكى ئىسلاھاتتىن كېيىن تاشقى دۇنيا ۋە غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قۇرۇشقا باشلىدى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتى خىتاينىڭ نۇرغۇن ساھەسىگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە خىتايدىكى بەزى قانۇنلارمۇ خەلقئارا قانۇن ۋە ئۆلچەملەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئەمما كۆرۈنۈشتە سۈپەتلىك ۋە خەلقئارا ئۆلچەمگە يېقىن قانۇنلارنى چىقارغاندەك ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشۋاتقاندەك قىلسىمۇ، يەنىلا تارىخي خىتاي سىياسىي پەلسەپەسىنى داۋام قىلدۇردى. تارىختىن بېرى خىتاي ئۈچۈن قانۇننىڭ ۋەزىپىسى مەركىزى ھاكىمىيەتنى قوغداش. يەنى خىتايدىكى قانۇننىڭ ئاۋۋال ھاكىمىيەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئاندىن «قانۇن» بولۇش ۋەزىپىسى بار.

ئەمەلىيەتتە خىتايدا ئەزەلدىن قانۇن بولۇپ باقمىدى. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ھاكىمىيەتكە كېلىپ بولۇپمۇ 1978 ـ دىن كېيىن خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن قانۇن سىستېمىسىغا ماس قانۇنلارنى چىقىرىش، تولۇقلاش ۋە ياخشىلاشقا تىرىشقان بولسىمۇ چاپان يېڭىلىنىپ ئىچىدىكى ئادەم ئۆزگەرمىدى. شاڭ ياڭ، شىبى بۇ خەي،خەن بىي قاتارلىقلارنىڭ

[31]<贯彻总体国家安全观　习近平提出10点要求>、新华网、　2020年12月12日、　http://www.xinhuanet.com/politics/xxjxs/2020-12/12/c_1126853459.htm

شەكىللەندۈرگەن«قانۇنچىلىق» ئىدىيەسى بىلەن كۆڭزى، لاۋزى قاتارلىقلارنىڭ ئىدىيەسىنىڭ يۇغۇرۇلىشىدىن مەيدانغا كەلگەن ھاكىمىيەت پەلسەپەسىنى ماۋ زېدۇڭ، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار داۋام قىلماقتا.

خىتاي نۇرغۇن قانۇنىدا سۆز ئويۇنى ياكى ناھايىتى تۇراقسىز،غۇۋا ئىبارىلەر بىلەن كۆز بوياپچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ دائىرىسى چەكلەنمىگەن ياكى غۇۋا سۆزلەر نۇرغۇن ۋاقىتتا جازالاش دائىرىسىنى خالىغانچە كېڭەيتىشكە دەستەك بولىدۇ ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. خىتاي بۇ قېتىم قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىدا،كىملەرنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ۋەسىيسى بولالايدىغانلىقى ۋە قانداق ئەھۋال ئاستىدا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى دۆلەتنىڭ مەجبۇرىي قوغداش ئاستىغا ئالىدىغانلىقىنى يازغان ئەمما ئەڭ ئاخىرقى ماددىسىغا «باشقا ئەھۋاللار»دەپ قوشۇپ قويغان[32]. يەنى بۇ يەردىكى «باشقا ئەھۋاللار»نىڭ دائىرىسىنى خالىغانچە بېكىتكىلى بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىمۇ خىتاي،ئاتا- ئانىسى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن بالىلارنى تۇغقانلىرىنىڭ بېقىشىغا يول قويماي مەجبۇرىي ياتاقلىق مەكتەپكە ئېلىپ كېتىپ دائىرىسى ئېنىق بېكىتىلمىگەن قانۇن ئىبارىلىرىدىن پايدىلىنىپ قانۇنسىزلىق ۋە زوراۋانلىق قىلىۋاتىدۇ. 105 خىل ئەپنى ئەپ بازىرىدىن قالدۇرۇۋېتىشىمۇ ئاساسلىق چەتئەل ئەپلىرىنى مەركەز قىلغان بولۇپ بەزى ئەپلەرنىڭ قالدۇرۇلۇش سەۋەبىمۇ ئېنىق ئەمەس[33].

خىتاينىڭ «چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار قانۇنى » ئەسلىدە 2019-

[32]<中华人民共和国未成年人保护法>、人民日报、 2020年12月07日、 第10版、 http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-12/07/nw.D110000renmrb_20201207_1-10.htm

[33]“China removes TripAdvisor, 104 other apps from stores under cleansing campaign”, Reuters, 08.12.2020, https://www.reuters.com/article/us-china-censorship/china-removes-tripadvisor-104-other-apps-from-stores-under-cleansing-campaign-idUSKBN28I0GY

يىلى 3ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان بولۇپ بۇ يىل 2020ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 1ـ كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلغان ئىدى. بۇ قېتىم بەزى ماددىلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ئېلان قىلىندى.

مەنپىي تىزىملىك 1995 ـ يىلى «چەتئەل مەبلەغ سېلىش تىزىملىكى» نامىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، خىتايدىكى مەبلەغ سېلىش ساھەلىرى رىغبەتلەندۈرۈش تۈرلىرى ، چەكلەنگەن تۈرلەر،مەنئى قىلىنغان تۈرلەر دەپ ئايرىلغان ئىدى. كېيىن چەتئەل مەبلەغ سېلىش تىزىملىكى«سەلبىي تىزىملىك» بولۇپ ئۆزگەردى، ئۇ 2013ـ يىلى شاڭخەي ئەركىن سودا رايونىدا تۇنجى قېتىم سىناق قىلىنغان ۋە 2018ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە يولغا قويۇلغان ئىدى. 2013ـ يىلى تىزىملىكتە 190 «چەكلەنگەن» ياكى «مەنئى قىلىنغان » كەسىپ بار بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2019ـ يىلى بېكىتىلگەن تىزىملىكتە 40 كەسىپ بار ئىدى[34].

خىتاي بازىرىغا كىرىش چەتئەل شىركەتلىرى ئۈچۈن ناھايىتى قىيىن بىر باسقۇچ بولۇپ، نۇرغۇن رەسمىيەت ئۆتەش، كۆپ باسقۇچلۇق تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈشتىن باشقا،تېخنىكىسىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىنىش قاتارلىق توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. 2019ـ يىلى بۇ قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بۇ پۈتمەس- تۈگىمەس رەسمىيەت ۋە مۇرەككەپ تەكشۈرۈش باسقۇچلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلدى ۋە مەجبۇرىي تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە چەكلىمىلەر قويۇلدى. بۇ چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى خۇش قىلغان بولسىمۇ خىتاي مەنپىي تىزىملىك (Negative list) سىستېمىسى ئارقىلىق باشقىچە يول بىلەن چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ خىتاي بازىرىغا كىرىشنى

[34]Amigo L. Xie, Frank Voon, Carrie Yijia Luo ,"Chına's 'New' Foreıgn Investment Law",K&L GATES, 16.03.2020, https://www.klgates.com/The-New-Foreign-Investment-Law-of-China-03-16-2020

كونترول قىلىشقا تىرىشماقتا. خىتاينىڭ بۇ قانۇنى چەتئەللىك مەبلەغچىلەرگە خىتاي بازىرىغا كىرىشتە تېخىمۇ قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ياۋروپا بىلەن بولغان خىتاي بازىرىغا كىرىشكە مۇناسىۋەتلىك دىئالوگلار ئانچە ئۈنۈملۈك بولمايۋاتىدۇ. ياۋروپا ۋە باشقا دۆلەت ۋە رايونلار خىتاينىڭ چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ ئادىل شەكىلدە خىتايغا كىرىشكە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ئەيىبلەپ كەلمەكتە. دېمەك خىتاي يەنىلا چاپان يەڭگۈشلەپ كۆز بوياپچىلىق قىلىشنى داۋام قىلماقتا.

مۇستەبىت دۆلەتلەردە ئادەتتە دۆلەت بىخەتەرلىكى بىلەن ھاكىمىيەت بىخەتەرلىكىنى بىر بىرىدىن ئايرىمايدۇ ۋە خەلقنىمۇ مۇشۇنداق تەربىيەلەيدۇ. ئەسلىدە بىر بىرىدىن تامامەن ئايرىغىلى بولىدىغان بۇ ئىككى بىخەتەرلىك خىتايدىمۇ ئوخشاشلا بىر مەنىگە كېلىدۇ. دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش خىتاينىڭ يېقىندىن بۇيان ئەڭ كۆپ تىلغا ئالغان سۆزى دېيىشكە بولىدۇ. خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى دېگىنى ئەسلىدە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ بىخەتەرلىكى ھېسابلىنىدۇ. شى جىنپىڭ ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن كېيىن خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى دۆلەت بىلەن پارتىيە، دۆلەت بىخەتەرلىكى بىلەن پارتىيە بىخەتەرلىكى،قانۇن بىلەن قائىدە- تۈزۈم قاتارلىق ئۇقۇملارنى تېخىمۇ بىر- بىرىگە سىڭدۈرۈپ پۈتۈن ساھەدە دۆلەت بىخەتەرلىكىنى تەكىتلەپ، بۇ ئارقىلىق كوممۇنىست پارتىيەنىڭ مۇتلەق ھاكىمىيىتىنى تەكرار تىكلەش ھەتتا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىشقا تىرىشماقتا. بۇ قېتىمقى ئون تۆرلۈك دۆلەت ئومۇمىي بىخەتەرلىك ئۇقۇمىنى يولغا قويۇش تەلىپىدىنمۇ بۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقلىرىنى، شىياڭگاڭ، تىبەتتىكى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت باھانىسى بىلەن « دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى» قاتارلىق « قانۇنلار» بىلەن قانۇنىيلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

## تەكلىپ – تەۋسىيەلەر

خىتاي ئەزەلدىن قانۇن دۆلىتى بولۇپ باقمىغان، ھازىرمۇ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. شەرقىي تۈركىستانلىق قانۇن، سىياسەت بىلىمى ئوقۇۋاتقان ياكى خىزمەت قىلىۋاتقانلار خىتايچە قانۇننىڭ نىمە ئىكەنلىكى ۋە خىتاي ھاكىمىيەت پەلسەپەسى ھەققىدە ماقالە، كىتاب يېزىشى كېرەك.

خىتايدا چىقىۋاتقان ياكى يېڭىلىنىۋاتقان قانۇنلارنى ماددا ـ ماددا تەھلىل قىلىپ خىتاينىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىنى ئىسپات بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتكە ئاشكارىلاش لازىم.

شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بەزى مۇھىم خەۋەرلەر ئاشكارىلانغان بولسىمۇ، بۇرۇنقىدەك دىققەت تارتمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەڭ خەتەرلىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ « يېڭى نورمال» بولۇپ قېلىشى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدا يېڭى ۋە يېڭىچە قەدەملەر ئېلىنىپ داۋا باشقىچە جانلىنىشى كېرەك. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە داۋا ئادەملىرى بۇنى ھەل قىلىشقا تىرىششى كېرەك. دىپلوماتىيە بىلەن، قەلەم بىلەن داۋا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

# ئالدىنقى ھەپتىدە شەرقىي تۈركىستان

(14.12.2020 —07.12.2020)

م. تەڭرىقۇت

■ خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش پروگراممىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تارقىتىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەكتە. بۇ يىل كىرگەندىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا «يىپەك يولى ساداسى» (丝绸之路之声)، «مەن ناخشىچى» (我是歌手)، «ئەلچى» (媒人)، «ئېيىت ناخشاڭنى» (神秘巨星)،«مەن قالتىس» (我最棒)،«ھەپتىلىك سەھنە» (每周一乐) قاتارلىق تېلېۋىزور پروگراممىلىرى ۋە شۇنداقلا ئۈرۈمچى خەلقئارا چوڭ بازار مەيدانىدا كوللېكتىپ ئۇسسۇل ئويناش[35]، قەشقەر قەدىمىي شەھەر رايونىداكوللېكتىپ سەنئەت نومۇرى ئورۇنلاش[36] [37] ۋە شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەر ـ ناھىيەلىرىدە سەنئەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش[38][39][40] پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلماقتا.

[35]新浪网、新疆真乃“歌舞之乡”，几百人围圈跳广场舞，每晚能跳到12点、https://k.sina.com.cn/article_1250590793_4a8a804900100qm3c.html?from=travel

[36]新华网、喀什古城渐成影视拍摄基地、 http://www.gov.cn/xinwen/2020-09/21/content_5545337.htm#1

[37]喀什古城、带你巡游喀什 | 喀什，来一千次都不够！ http://www.xjks.gov.cn/2020/09/23/ddd/5260.html

[38]新华网、<全景打造 全业培育 全民共享 ——新疆阿瓦提开启刀郎文化全域旅游发展新模式>, http://www.xj.xinhuanet.com/zt/2020-12/03/c_1126817580.htm

[39]新华网、<2020中国新疆喀什丝路文化胡杨节在莎车隆重开幕>, http://www.xj.xinhuanet.com/zt/2020-10/23/c_1126647543.htm

[40]新华网、首都艺术家献艺新疆和田 文化润泽百姓生活 http://m.xinhuanet.com/culture/2020-10/13/c_1126598172_2.htm

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا 2021- ئالدىنقى يېرىم يىللىق مەدەنىيەت-سەنئەت پائالىيىتىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى[41].

تىزىملىكتە 2020- يىلى 12- ئايدىن 2021- يىلى 6- ئايغىچە بولغان مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيەتلىرى يەر ئالماقتا. بۇ پىروگراممىلار:

1. يېڭى ئۇسۇللۇق تىياتىر <جاڭ چيەن> (张骞)
2. ناخشا - ئۇسۇللۇق ئويۇن <شىنجاڭ ياخشى جاي>(新疆是个好地方)
3. <شىنجاڭ ياخشى جاي> ناملىق فوتو - سۈرەت كۆرگەزمىسى<(新疆是个好地方摄影作品展)
4. <يېڭى ناخشا بىلەن شىنجاڭنى كۈيلەش- ناخشا بىلەن شىنجاڭنى ئايلىنىش، -6 نۆۋەتلىق جۇڭگو شىنجاڭ خەلقئارا مىللىي ئۇسسۇل بايرىمى> (新歌唱新疆- 乘着歌声游新疆、第六届中国戏剧国际民族舞蹈节)
5. <جۇڭگو كومپارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش تېمىسىدىكى سىمفونىيە كونسېرتى>(庆祝中国共产党成立100周年主题交响音乐会)
6. < جۇڭگو كومپارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش تېمىسىدىكى كېچىلىك يىغىلىش>(庆祝中国共产党成立100周年主题晚会)
7. <بىزنىڭ جۇڭگو چۈشىمىز>(我们的中国梦)
8. <يۈز كۈنلۈك خەلق مەيدان مەدەنىيەت پائالىيىتى>(文化百日广场)

[41]工人时报、新疆2021年上半年文化活动 “节目单” 出炉、 http://xjzgh.org.cn/2020-12/08/c_1126837005.htm

9. <يېزا- كەنتلەردە يۈز كۈنلۈك مەدەنىيەت- سەنئەت مۇسابىقىسى>(乡村百日文体竞赛 )

10. <بىرگە ناخشا ئېيتايلى>(我们一起唱歌吧)

## مۇلاھىزە:

شەرقىي تۈركىستاندا مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى جازا لاگېرىغا سولانغان [42]، دۇنيا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان زۇلۇم ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا[43] قارشى[44] بىر سەپ بولۇپ خىتايغا قارشى تۇرۇۋاتقان بىر مەزگىلدە، خىتاي ئەنئەنىۋى 36 ھىلە- مىكىرلىرىدىن بىرى بولغان <كۆز باغلاش ھىيلىسى[45]>نى قوللىنىپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقنىڭ باي- باياشات، خۇشال- خۇراملىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى پەرداز قىلىپ كۆرسەتمەكتە[46].

ئامېرىكىدىكى تەتقىقاتچى مۇھەممەتئىمىن مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر دىققەت قىلساق، يېقىندىن بۇيان يۇتيۇب ۋە باشقا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي سەنئىتىنىڭ ياخشى تەرەققى قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ خۇشال - خۇرام ياشاۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋىدىيولارنىڭ ئۇشتۇمتۇت

[42]International Consortium of Investigative Journalists, How the world learned of China's mass internment camps. https://www.icij.org/investigations/china-cables/how-the-world-learned-of-chinas-mass-internment-camps/

[43]The Globe and Maıl, Parliamentary committee calls China's mistreatment of Uyghurs 'genocide,' urges Ottawa to sanction Beijing officials, https://www.theglobeandmail.com/politics/article-parliamentary-committee-calls-chinas-mistreatment-of-uyghurs/

[44]Uygur Araştırma Enstitüsü, Genocide in Esat, https://www.uysi.org/ug/genocide_in_east_turkistan_-_sherqiy_turkistanda_irqiy_qirghinchiliq/

[45] ئىنتايىن پۇختا بولغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى كۆردۈم دەپ قارىغاندا، ئاسانلا بىخۇدلۇق ، بوشىشىش ھالەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بەزى ئىشلار كۆزگە سىڭىپ قالسا، كىشىدە قايتا گۇمان تۇغدۇرمايدۇ. مەخپىي پىلان -تەدبىر ناھايىتى ئاشكارا ئىشلارغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، كۆپىنچە ئىنتايىن ئاشكارا ئىشلارغا ئىنتايىن مەخپىي نەرسىلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. مەنبە 36 تەدبىرنىڭ يىڭى بايانى،جۇيۇشياڭ، ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلغۇچى قادىر راخمان.

[46]维吾尔人权项目、“世界上最幸福的穆斯林”：假信息、宣传和维吾尔人危机、https://docs.uhrp.org/pdf/Disinformation_Propganda_and_the_Uyghur_Crisis_chinese.pdf

كۆپىيىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بىز گەرچە ئۇلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقاتى ئۈچۈن قەستەن تارقىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرساقمۇ، بىراق بىز بىلىپ بىلمەي ئۇلارنى تەشۋىق قىلىشقا ياردەم قىلىۋاتىمىز.

بىز ۋەتەندە يېقىندىن بېرى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان سەنئەت كېچىلىكلىرىنى، چىرايلىق مەھەللىلەرنى، خەلقىمىزنىڭ چىرايلىق ئۇيغۇرچە كىيىملەرنى كىيىپ، كوچىلاردا ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئويناۋاتقان مەنزىرىلەرنى كۆرگەندە، ھاياجىنىمىزنى باسالماي ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئۆز ئارا ئورتاقلىشىۋاتىمىز ۋە تارقىتىۋاتىمىز. بىز گەرچە بۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى ھېكايىلەرنى بىلسەكمۇ، بىراق ئۇلارنى كۆرگەن باشقا مىللەتلەر، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى ھېكايىلەرنى بىزگە ئوخشاش بىلىشى ناتايىن..

بۇ خىل ئەھۋال بىزگە ھەر دائىم مايمۇن ئويۇنىنى ئەسلىتىدۇ. چۈنكى، بىز مايمۇننىڭ ئويۇن قويۇش تالانتىنى كۆرگىنىمىزدە، مايمۇننىڭ ئۇ تالانتىنىڭ ئارقىسىدىكى ھېكايىلەرنى بەك ئويلاپ كەتمەي، پەقەت ئۇلارنىڭ تالانتىغا قاراپ ھاياجانلىنىپ، خۇشاللىقىمىزدىن چاۋاك چېلىپ كېتىمىز. ئەمەلىيەتتە مايمۇن راستىنلا ئۆزى خالاپ، ئىنسانلارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئۆز تالانتىنى كۆرسىتىۋاتامدۇ؟ ئۇنى كۆپ ساندىكى كىشىلەر بەك ئويلاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن.

چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا بۇ پروگراممىلارنى كۆرۈپ، پروگراممىنىڭ تەسىرى بىلەن خىتايغا قارىتا نەپرەت پوزىتسىيەسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشى، خىتايغا قارشى پائالىيەتلەردە سۇسلاپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، خىتاي ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغاندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش، ھەتتا يوقىتىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك

ۋاستىلارنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە. بۇ ئىشلىتىۋاتقان يۇمشاق ۋاستىلار ئۇنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

■ خىتاي >14 ـ بەش يىل< مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستاندا >ئۇن چوڭ كەسىپ<نى نۇقتىلىق تەرەققى قىلدۇرىدۇ[47].

>ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنى<دىن مەلۇم بولۇشىچە، كەلگۈسى بەش يىل ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفىت ، نېفىت ـ خىمىيە، كۆمۈر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار، باغ ـ ئورمانچىلىق، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، نان، ئۈزۈم ھارىقى، ساياھەت قاتارلىق >ئۇن چوڭ كەسىپ<نى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇپ، زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىدىكەن.

## مۇلاھىزە :

خىتاي، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىشنى تېزلەشتۈرۈپ يېڭى نېفىت مەنبەلىرىنى ئاچماقتا[48]، شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقنى زاۋۇت، كان ـ كارخانىلاردا ئەرزان ئەمگەك كۈچى قىلىپ مەجبۇرى ئىشلەتمەكتە[49]. شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقتىن ئەرزان باھادا سېتىۋالغان باغ ـ ئورمانچىلىق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تور

[47]شىنجاڭ گېزىتى، >14 ـ بەش يىل< مەزگىلىدە شىنجاڭ >ئۇن چوڭ كەسىپ<نى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. http://uy.xjdaily.com.cn/system/2020/12/11/036535106.shtml

[48]新华网、新疆油田又诞生一个200万吨级采油厂 http://www.xinhuanet.com/2020-12/13/c_1126854435.htm

[49]Adrian Zenz,The Journal of Polıtıcal Rısk, Beyond the Camps: Beijing’s Long-Term Scheme of Coercive Labor, Poverty Alleviation and Social Control in Xinjiang, https://www.jpolrisk.com/beyond-the-camps-beijings-long-term-scheme-of-coercive-labor-poverty-alleviation-and-social-control-in-xinjiang/

ئارقىلىق خىتاي شەھەرلىرىگە ۋە چەتئەللەرگە سېتىپ چىقارماقتا[50] [51].

■ شەرقىي تۈركىستاندا ئەدلىيە تارماقلىرى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارغا قارىتا تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلدى.

تەربىيەلەشكە قاتناشقۇچىلاردىن «مەركىزى كومىتېتىنىڭ 19- نۆۋەتلىك بەشىنچى ئومۇمىي يىغىنى 3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ يىغىنى»نىڭ روھى ۋە پرىنسىپلىرىغا سادىق بولۇش، مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچىنى بىلىش تەكىتلەندى. شۇنداقلا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى سىياسىي- قانۇن بۆلۈمى(ساقچى تارماقلىرى) ئارىلاپ ئىختىيارى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ساقچى تەكشۈرۈش تارماقلىرىنى نازارەت قىلىدۇ، خادىم، ۋاقىت، مەزمۇن، ئۈنۈم قاتارلىق «تۆت ئەمەلىيلىشىش»كە كاپالەتلىك قىلىدۇ[52]، دېيىلدى.

## مۇلاھىزە:

خىتاي، يېقىندىن بۇيان خەلقئارا مەتبۇئاتلىرى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈۋاتقان شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى توسۇپ قىلىش ئۈچۈن، ساقچى تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىدىكى بىخۇتلۇقنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكچى بولۇۋاتقان بولۇشى، بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇم ۋە ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى خەلقئارا جامائەتچىلىكتىن يوشۇرۇشقا تىرىشماقچى بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

[50]新浪网、新疆水果“数字化出海”，借阿里国际站俏销25国、 https://finance.sina.cn/stock/relnews/us/2019-09-24/detail-iicezueu8019471.d.html?wm=3049_0032
[51]亿恩网、 这个平台改变新疆水果商，水果远销25国，果农增收10万、 https://www.en-news.com/article-12913-1.html
[52]法治日报、新疆司法厅开展处级干部集中教育培训、http://www.legaldaily.com.cn/index/content/2020-12/11/content_8380694.htm

■ شەرقىي تۈركىستاندا يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ 1- نۆۋەتلىك 1- قېتىملىق يىغىنىنى ۋە قۇرۇلۇشىنى ئۈرۈمچىدە ئاچتى. يىغىندا، خىتاي 19- نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ تەلپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش،شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرى تەكىتلەندى؛ بۇ جەمئىيەتتىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇش، جەمئىيەتتىكى باشقا زاتلار بىلەن بىرلىك سەپ ئورنىتىش قاتارلىقلار تەلەپ قىلىندى.

بۇ يېڭى قۇرۇلغان جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار يۇقىرىقى كارخانىلار ۋە چەتئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردىكى باشقۇرغۇچى تېخنىك خادىملار، ۋاسىتىچى تەشكىلاتلار ۋە جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى كەسپدارلىرى، ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، يېڭى تاراتقۇ كەسپدارلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن،بۇ زاتلار 1 مىليون 700 مىڭدىن ئاشىدىكەن[53].

## مۇلاھىزە:

يېقىندىن بۇيان خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا خىتايلارنى كېلىپ مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش، شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي نوپۇسىنى يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرخىل سودا ۋە خىزمەت ئىمكانلىرىنى يارىتىپ بېرىش، ھەقسىز تۇرالغۇ ئۆي بېرىش دېگەندەك سىياسەتلەرنى يولغا قويماقتا[54]. ئەمدىلىكتە

[53]شىنجاڭ گېزىتى، شىنجاڭ يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى قۇرۇلدى. http://uy.xjdaily.com.cn/system/2020/12/12/036535286.shtml

[54]自由亚洲电台、当局鼓励内地人口到新疆定居、https://www.rfa.org/mandarin/zhuan-lan/jieduxinjiang/xj-04242020142943.html

بۇ يېڭى قۇرغان جەمئىيىتى ئارقىلىق تەشۋىقات قىلىشنى، شەرقىي تۈركىستاندا بىرلىك سەپ قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلماقتا. بۇ ئارقىلىق خەلقئارا جامائەتچىلىكنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن خىتاي خەلقىنىڭ ئىجىل- ئىناق، خۇشال- خۇرام، باي- باياشات ياشاۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرۈشنى كۆزلىمەكتە.

## تەكلىپ – تەۋسىيە

خىتاينىڭ بارلىق «كۆز بوياش ھىلىسى»گە قارشى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرگە چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىغا، پۇقرالىرىغا خىتاينىڭ «كۆز بوياش ھىلىسى»نى چۈشەندۈرۈشى، مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ جازا لاگېرلىرىدا تۇتۇلۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا شەھىد قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىتىشتىن توختاپ قالماسلىقى كېرەك، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ، خىتاينىڭ «كۆز بوياش ھىلىسى»گە ئىشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تەشكىلاتلار ۋە شەرقىي تۈركىستانلىق ھەر بىر شەخس ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا قولىدىن كېلىشىچە تەشۋىقات قىلىشى كېرەك. چەتئەللەردىكى ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەن توغرۇلۇق ئۇچۇر مەنبەلىرىنى توغرا بىر شەكىلدە ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىشى كېرەك. توپلىغان ئۇچۇرلىرىنى تەسىر كۈچى كۈچلۈك تەشكىلات ياكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ پايدىلىنىشى، بۇ ئارقىلىق خىتايغا تېخىمۇ ئەجەللىك ۋە كۈچلۈك بېسىم قىلىشى كېرەك. ئەگەر قولىمىزدا بار بولغان ماتېرىياللاردىن توغرا شەكىلدە پايدىلىنالمىساق بەلكىم بۇ ماتېرىياللارنىڭ قىممىتى بولماسلىقى، ھەتتا بەزىدە بىزگە زىيان ئېلىپ كېلىش ئېھتىماللىقىمۇ بولۇشى مۇمكىن.